### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى

# ئەسلىي مەقسەتنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە پۇتۇش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئۆلۈم بىلەن كۈچ سىنىشىدىغان دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىلىرىدىن سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چېگرا پورتلىرىغىچە، ئۆيمۇئۆي كىرىپ زىيارەت قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرىدىغان ئاساسىي قاتلام مەھەللىلىرىدىن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەيدىغان، سۈرئەت قوغلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتىدىغان كارخانا، زاۋۇتلارغىچە... يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىي مەقسەتنى بىرىنچى سەپتە پۇتۇپ، باشتىن - ئاخىر ئەڭ ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىپ، بىر نىيەتتە «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىشنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەسىنى قۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

## ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

«پارتىيە ئەزاسى بولغانىكەنمىز، خەتەرلىك پەيتتە ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈشىمىز كېرەك» دېدى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى جىددىي داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ جىنشۇەي قەتئىيلىك بىلەن.

يۇقۇم مەزگىلىدە، لۇ جىنشۇەي تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ 3 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى بولۇپ، ۋۇخەن داشۆ خەلق دوختۇرخانىسى شەرقىي دوختۇرخانىسىنىڭ نەيچە كىرگۈزۈش گۇرۇپپىسى 2 - ئەترىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. ۋۇخەندە، ئۇ ۋۇخەن داشۆ خەلق دوختۇرخانىسى شەرقىي دوختۇرخانىسىنىڭ 14 -، 15 - ئىككى كېسەل رايونىدىكى بارلىق ئاغرىقلارنىڭ كانىيىغا نەيچە كىرگۈزۈش، چوڭقۇر ۋېناغا نەيچە ئورنىتىش قاتارلىق ئەجادىي مەشغۇلاتلارنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئېلىپ، ئەڭ چوڭ خەتەرنى ئۆزىگە قالدۇردى. ۋۇخەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۇ جىنشۇەي يەنە جىددىي داۋالاش بۆلۈمىدە جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

مەيلى خۇبېيدا بولسۇن ياكى شىنجاڭدا بولسۇن، مەيلى دوختۇرخانىدا بولسۇن ياكى باشقا ئىش ئورنىدا بولسۇن، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى باشتىن - ئاخىر ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش»تەك پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 20لەردە، ئالاتاۋ تاشيول پورتىدا، ئالاتاۋ تاموژنىسى تەكشۈرۈش 2 - بۆلۈمىنىڭ 4 - دەرىجىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىسى باتىر شۇ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەپەر چېگرادىن چىقىدىغان قازاقىستانلىق شوپۇرنى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ يىل 51 ياشقا كىرگەن باتىرنىڭ ئالاتاۋ تاموژنىسىدا پورت ئاممىۋى سەھىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا 30 يىل بولغان بولۇپ، ئۇ 25 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى. بۇ يىللىق چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئەسلىدە دەم ئالماقچى بولغان باتىر يۇقۇم خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن، دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش ئورنىغا قايتىپ، پورتنىڭ سەھىيە كارانتىن بىرىنچى سېپىدە بىر ئىشلىگىنىچە ئۇدا يېرىم يىل ئىشلىدى.

3 - ئايدىن بۇيان، ئالاتاۋ پورتى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپاغا بېرىشتىكى مۇھىم پورت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈك توشۇشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىنى كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، باتىر ۋە خىزمەتداشلىرى «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسىگە ئايلاندى. ئۇلار ھەر كۈنى چېگرادىن كىرىپ - چىقىدىغان شوپۇرلارغا قارىتا سالامەتلىكنى مەلۇم قىلىش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، «خىزمىتىمىز قانچە ئىنچىكە بولسا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى شۇنچە ياخشى ئىشلىيەلەيمىز. پەقەت يۇقۇمنى توسۇپ قالالىساقلا، ھەر كۈنلۈك خىزمىتىمىز قانچە جاپالىق بولسىمۇ، قانچە ھېرىپ - چارچىساقمۇ ئەرزىيدۇ» دېدى باتىر.

## قەتئىي چىڭ ساقلاش ھەربىر مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەم قۇرۇش

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى شىڭشىڭشيا جامائەت خەۋپسىزلىكى تەكشۈرۈش پونكىتىدا، بۇ پونكىتنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى مۇزەپپەر مەردان مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىپ، كۆرۈش ئارىلىقى پەقەت 20 مېتىرلا بولغان قۇم - بورانلىق كۈندە، نەق مەيداندىكى ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈش تەرتىپىنى ماسلاشتۇرۇۋاتاتتى. «يۇقۇم ئاخىرلاشمىدى، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى قەيەرگىچە قانات يايدۇرۇلسا، پارتىيە تەشكىلاتى شۇ يەرگىچە قۇرۇلدى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قومۇل شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى تېزدىن شىڭشىڭشيا بازىرىدا يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش چازىسى تەسىس قىلدى، شىڭشىڭشيا يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق ئىشتابى ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى قۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، تېببىي خادىملار، پىدائىيلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى. 60 نەچچە نەپەر پارتىيە ئەزاسى ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملار ئىنتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، شىنجاڭغا كىرىدىغان ئاپتوموبىل ۋە كىشىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە لىنىيە بويىدىكى شىنجاڭغا كىرىدىغان ئاپتوموبىللارنى ئىسسىق سۇ، يېمەكلىك، يېقىلغۇ ماي قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى.

«ھازىر، شىڭشىڭشيا جامائەت خەۋپسىزلىكى تەكشۈرۈش پونكىتىدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەكشۈرىدىغان ئاپتوموبىل 6000غا يېتىدۇ. پارتىيە ئەزاسى، ساقچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چوقۇم تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ‹شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى›نى قەتئىي ياخشى ساقلايمەن» دېدى مۇزەپپەر.

مەھەللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپى، شۇنداقلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇداپىئە لىنىيەسى. بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز مەھەللىلەردىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئىزچىل ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشماقتا.

«كۆپچىلىك پائالىيەتكە قاتناشقاندا ‹بىر مېتىر› ئارىلىقنى ساقلاڭلار!» «ئاھالىلەر بىز كۆچۈرۈپ تارقاتقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇڭلار.» 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنشان رايونى ئىنتىپاق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جۇڭچۈەن كوچىسى جەنۇبىي مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار ھەرقايسى ئاھالىلەر ئولتۇراق تورپىلىرىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرى ۋە ئەسكەرتىشلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

جۇڭچۈەن كوچىسى جەنۇبىي مەھەللىسىدە 1174 ئائىلىلىك 3500دىن ئارتۇق ئادەم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسى مۈشكۈل. مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۈلباھار غوپۇر ئۆيىدىكى ئىككى بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىشەلمىدى، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مەھەللىدە كېچە - كۈندۈز 40 نەچچە كۈن چىڭ تۇردى. پارتىيە ياچېيكىسىدىكى 40 نەچچە نەپەر پارتىيە ئەزاسىمۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۇختا مۇداپىئە تەدبىرى ۋە سىرداش بولۇش، قەلبلەرنى ئىللىتىش مۇلازىمىتى ئارقىلىق، ئاھالىلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، ساغلاملىقىنى قوغداپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مەيدىسىدىكى پارتىيە ئىزنىكىنى جۇلالاندۇردى.

## پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھەردىلا، شىنجاڭ گوتەي شىنخۇا كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ئورگانىك كەسپى بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، سېخ مۇدىرى جاڭ چيۇمىڭ ئۈسكۈنىلەرنى چارلاپ تەكشۈرۈشكە باشلىغانىدى.

يۇقۇم مەزگىلىدە، جاڭ چيۇمىڭ ئىچكىرى رايونىدىكى ئۆيىدە، ھەر قېتىم سېختىكى ماشىنا ئۈسكۈنىلەردە كاشىلا كۆرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا، بىرىنچى ۋاقىتتا خىزمەتداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھەل قىلدى. خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئۇ ھەر كۈنى پەقەت تۆت - بەش سائەتلا ئارام ئېلىپ، تېخنولوگىيەلىك ئىشلەپچىقىرىشتا كىچىك ئېغىش يۈز بېرىش قاتارلىق 23 تۈرلۈك مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن پارتىيە ئەزاسى، جەزمەن پارتىيە ئەزاسلىق قىياپىتىم بولۇشى كېرەك».

«شىركەتتىكى 115 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ‹مېنىڭكىگە قاراڭ، ماڭا ئەگىشىڭ› دەيدىغان خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىغا ئىنتايىن زور تۈرتكە بولدى. 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شىركەتنىڭ تۈرلۈك مەھسۇلات قىممىتىدە كىشىنى رازى قىلىدىغان نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى» دېدى شىنجاڭ گوتەي شىنخۇا كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شياڭياڭ.

بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق، بىر ياچېيكا بىر قورغان. كەڭ يېزا - كەنتلەردە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى نامايان قىلدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئالغا بازىرى يار بېشى كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىن بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى چالقار قادىرقان بۇغدايلىقتا چارلاپ تەكشۈرۈپ، يازلىق يىغىمنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، بىر تال دانىنىمۇ قالدۇرماي ئامبارغا كىرگۈزۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ يار بېشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى «يۇقۇمدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش، ئىللىق مۇلازىمەت قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تۇتۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش»نىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا تەقسىملەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك راۋاجلاندۇرۇشىغا ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى سىجىل ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، يار بېشى كەنتىدىكى ئۇششاق كەسىپلەر باغچىسى نورمال يۈرۈشۈپ، ئۆزگىچە تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپلىگەن كەسىپلەر 500دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. «كېيىنكى قەدەمدە، بىز دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىمىز» دېدى چالقار.

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار يۈ مېڭرەن، چېن چياڭۋېي، رايىدە، يۈ شى، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ چيەنشى، ياڭ لىي، يىن تىڭتىڭ)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز.» باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلقنى ياخشى كۆڭلىگە ئېرىشتۈرۈشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىنى، بەخت يولىنى قەلبىگە چوڭقۇر پۈكتى. بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە ئوخشاش تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاپ، تىنچ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلانماقتا.

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى» مەخسۇس ئىستونىنى تەسىس قىلدى، بۇ ئىستونىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، ئىنتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىۋاتقان دەۋر ئېپىسى سەھىپىسىنى خاتىرىلەپ، پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان قىممەت ئىدىيەسى، خەلققە بولغان سەمىمىي، كۈچلۈك ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانى ئورتاق قۇرۇۋاتقان، بەختلىك تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنىۋاتقان جانلىق ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەيدۇ. ئالدى بىلەن گېزىتىمىز پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ئەۋەتكەن «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى» تېمىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ، دىققەت قىلغايسىلەر.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«ھازىر ئوخشىمايدۇ، ھەربىر تال ئۆرۈك قىممەتلىك، تاياق بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۈزۈش جازىسىدا تۇرۇپ، بىر تالدىن - بىر تالدىن ئۈزۈش كېرەك» دېدى رېھىمخان.

قوشنا كەنتتىكى ئۆرۈك ئۆستۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدا، رېھىمخان ئۆرۈك دەرىخىنى چاتاش قاتارلىق ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. بۇ يىل ئىلمىي پەرۋىش قىلىنغاچقا رېھىمخان ئائىلىسىنىڭ يەتتە مو ئۆرۈكلۈكىدىن 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىش مۆلچەرلەنمەكتە. «كەنتتە ماڭا ئوخشاش ئۆرۈك دەرىخى تىكىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەنت ئاھالىلىرى ناھايىتى كۆپ.» رېھىمخاننىڭ خۇشاللىقتىن كۈلۈپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى.

كىرىمنى ئاشۇرۇش خۇشاللىقىنىڭ تەمىنى تېتىغانلاردىن يەنە توقاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توقاچ ئۆمەرمۇ بار، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇ ئەمدىلا ساتقان 80 كىلوگىرام ئۆرۈكنىڭ پۇلىنى ئالدى. «جەمئىي 708 يۈەن، 64 كىلوگىرامى 1 - دەرىجىلىك ئۆرۈك، بىر كىلوگىرامى 10 يۈەن» دېدى توقاچ.

«بىز ناھىيە، يېزىلاردىكى باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىگە مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاش، تولۇقلاپ تىكىش، ئوغۇتلاش، دورا چېچىش، كېسەل، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگەتتۇق. ئۆرۈك ئۈزۈش پەسلىدە، يەنە ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ھەم كەنت كادىرلىرىنى مەركەزلىك ئۈزۈشكە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، بىرتۇتاش دەرىجىگە ئايرىپ ئېلىپ، ئۆرۈك سېتىشقا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ توقاي كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ۋاڭ خېي.

«كەنت ئاھالىلىرى ئۆرۈك دەرىخىنى پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «جانان ئۆرۈك» ھەر تەرەپلىمە ئاسرالدى، ئۆرۈكنىڭ مو بېشى مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى.» ۋاڭ خېي مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ ئۆرۈك دەرىخى تىكىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى. بۇ يىل، كەنتىمىز تىرىشىپ كىشى بېشى باغ - ئورمانچىلىق كىرىمىنى 2000 يۈەنگە يەتكۈزىدۇ».

نۆۋەتتە، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ خاس باغ - ئورمانچىلىقى ئۆرۈك، ياڭاق، بادام، شىنمېي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، باغ - ئورمان كۆلىمى 250 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈكلۈك كۆلىمى 150 مىڭ مو.

## تۈجۈپلەپ باشقۇرۇش: مېۋىلەرنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى 80%تىن ئاشتى

«ئۈزۈپ قاچىلاش چىڭ تۇتۇلمىسا كىرىمگە تەسىر يېتىدۇ» دېدى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، سېۋەتكە قاچىلانغان ئۆرۈكلەرنى ئوراپ قاچىلاشقا ئايرىپ بېرىۋاتقان توقاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەريەمگۈل ياقۇپ.

ئۆرۈك دەرىخى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئىلگىرى كەنت ئاھالىلىرى پەرۋىش قىلىشقا بەك كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايتتى، ئۆرۈك قانچىلىك ھوسۇل بەرسە شۇنچىلىك ئالاتتى. 2017 - يىلى، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنى كۆرۈلدى، كەنت ئاھالىلىرى پەقەت قۇرۇت چۈشكەن ئۆرۈكلەرنىڭ سېۋەت - سېۋەتلەپ تاشلانغانلىقىغا قاراپ تۇردى، ئۆرۈكلۈك باغ كىرىمى 90%كە يېقىن ئازىيىپ كەتتى.

2018 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خاس باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، يېڭىسار ناھىيەسى «قۇرت» يوقىتىشنى چۆرىدەپ، گېئولوگىيەلىك ئالداپ يوقىتىش، ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تۈجۈپلەپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى.

ئائىلىسىدە توققۇز مو ئۆرۈكلۈكى بار مەريەمگۈل كەنتنىڭ ئورمان مۇھاپىزەتچىسى قوشۇنىغا كىرگەندىن كېيىن، مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ ئىككى يىلدا، مەريەمگۈلنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بۇ «جانان ئۆرۈك»لەرنى پەرۋىش قىلىش بولدى.

2019 - يىلى، يېڭىساردا ئۆرۈككە قۇرت چۈشۈش نىسبىتى 5%كە تۆۋەنلىدى، ئادەتتىكى يېڭى ئۆرۈكنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى بەش يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى پەقەت ئۆرۈكتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا 800 يۈەن ئاشتى. «بۇلتۇر، ئائىلىمىز ئۆرۈكتىن 7000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدۇق، بۇنىڭغا ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولغان 10 مىڭ يۈەن كىرىمنى قوشقاندا، ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى» دېدى مەريەمگۈل.

خاس باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، يېڭىسار ناھىيەسى يەنە ئالى بابا، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى بىلەن بىللە 400 مودىن ئارتۇق «تاۋشياگتىيەن رەقەملىك دېھقانچىلىق مەيدانى يېڭىسار ئۆرۈكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئالى بۇلۇتى يېزا ئىگىلىك چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىز سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاقىل دېھقانچىلىق مەيدانى بەرپا قىلىش جەھەتتە ئىزدەندى.

«خاس باغ - ئورمانچىلىق يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم تۇتقۇچ كەسپى. بۇ يىل، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 46 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ 93 مىڭ مو ئۆرۈكلۈكىدە ئۆرۈك كۆچىتىنى تولۇقلاپ تىكىش، ئۇلاپ ئەلا سورتقا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى، مېۋىلەرنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى 80%تىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.» يېڭىسار ناھىيەلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى خې ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى، قەلب ۋە كۈچنى شۇنچە مۇجەسسەملەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى ياخشى باسىمىز.

## توردا سېتىش: «يېڭى پېتى ساقلاش كىيىمى» كىيدۈرۈلۈپ پۈتۈن مەملىكەتكە سېتىلدى

يېڭىسار ناھىيەسىدە يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن 8 - نۆۋەتلىك يېڭىسار ئۆرۈك ئۈزۈش بايرىمىدا، يېڭىسار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم مېھرىگۈل ئۆمەر ئېكرانغا چىقىپ بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇپ، يېڭىسار ئۆرۈكىگە ۋاكالەتچى بولدى. ئىككى سائەتتە 6 مىليوندىن ئارتۇق تورداشنى توردا كۆرۈشكە جەلپ قىلدى، يېڭىسار يېڭى ئۆرۈكىدىن 10 مىڭ يەشىككە يېقىن سېتىلدى.

تۇخاننىڭ خاتىرىسىدە، كەنت ئاھالىلىرى دائىم ئۆرۈكنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى، سېتىش دائىرىسى يەتتە - سەككىز كىلومېتىردىن ئاشمايتتى. «ھازىر، ئۆرۈكلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلدى» دېدى تۇخان.

ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈلگەن «جانان ئۆرۈك»نىڭ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى چوڭ شەھەرلەرگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بارالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار يېڭى پېتى ساقلىغىلى بولىدىغان چىرايلىق «كىيىم» كىيدى، سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ئەشيا ئوبوروتى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېخىمۇ ياخشى سېتىلدى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭ يوۋلېگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مېۋە ئېلىش سېخىدا، ئاق رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيگەن ئىشچىلار يېڭى ئۆرۈككە «يېڭى كىيىم» كىيدۈرۈپ، ئاندىن يەشىكلەرگە قاچىلاپ ئاغزىنى ئېتىۋاتاتتى. «بۇ يېڭى مېۋىلەر 48 سائەت ئىچىدە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزۈلىدۇ.» بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى ۋاڭ يۈچيەن مۇنداق دېدى: «مېۋە - كۆكتاتلارنى توڭلىتىپ قۇرۇتۇش، تەبىئىي يېيىپ قۇرۇتۇش ۋە مېۋە - كۆكتات مۇرابباسى قىلىشتىن ئىبارەت ‹ئۈچ چوڭ يۈرۈشلۈك ئۇسۇل› ئارقىلىق ئۆرۈكنى ‹تولۇق ئىستېمال› قىلغىلى بولىدۇ، ئۆرۈك ئۈچكىسىدىن يەنە ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كاربون پىششىقلىغىلى بولىدۇ».

تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، يوۋلېگو شىركىتى يېڭىسار ناھىيەسىدىكى 12 مىڭدىن ئارتۇق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە يېتەكلىدى ھەم 280 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىن 216 كىشى بار.

«بىز يەنە شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى، ئالى بابا، جوڭخۇاسۇەن قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەنئەنىۋى باغ - ئورمانچىلىق بىلەن ئالاقە تورىنى چوڭقۇر يۇغۇرۇپ، خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى توردا سېتىش يولىنى ئاچتۇق ھەم 194 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى ئاساس قىلىپ، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ خاس باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ تىرەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق. بۇ يىل پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېڭى ئۆرۈكنىڭ مەھسۇلات مىقدارىلا 42 مىڭ توننىغا يېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 1200 يۈەن ئېشىشى مۆلچەرلەندى.» خې ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.